# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 · شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 8 ـ ئاي
9
جۈمە
维吾尔文 8月9日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24782 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


## دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلەرنى تەيىنلىدى ـ قالدۇردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق تۆۋەندىكى باش ئەلچىلەرنى تەيىنلىدى ـ قالدۇردى:

بىرىنچى، لو جاۋخۇينى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

سۈن ۋېيدۇڭنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئىككىنچى، لى چېننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قاتار دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

جوۋ جيەننى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قاتار دۆلىتىدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

ئۈچىنچى، جى يەنچىنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ گىرۇزىيەدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى؛

لى يەن (ئايال)نى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ گىرۇزىيەدە تۇرۇشلۇق ئالاھىدە تولۇق ھوقۇقلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# تەر تۆكۈپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ شانلىق سەھىپىسىنى يارىتىش

## ــ باش شۇجى شى جىنپىڭ غەم يېگەن خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرى «ئىشلىگەنلەر ھەق ئالالايدىغان بولۇش» قىسمى

□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

**[مۇقەددىمە]**

«بۇ دۇنيادىكى بارلىق بەختنىڭ ھەممىسى جاپالىق ئەمگەك قىلىشقا تايىنىپ يارىتىلىدۇ».

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۇخشاش بولمىغان سورۇنلاردا ئەمگەك قىزغىنلىقىنى قوزغاش، ئىجادىيەت يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى قويۇپ بېرىشنى چۆرىدەپ كۆپ قېتىم چوڭقۇر شەرھلەپ، ئەمگەكنى ھۆرمەتلەش، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش ياخشى كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈشنى تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى.

ئەمگەك ئارقىلىق ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش، دەۋر تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشۇش تەسىرلىك ھېكايىلىرى ئارقىلىق خەلق تارىخىنى يارىتىش، ئەمگەك ئارقىلىق كەلگۈسىنى يارىتىشنىڭ تەسىرلىك يۈكسەك رەسىمىنى تۇتاشتۇردى.

**[بىرىنچى ھېكايە]**

**تەر تۆكۈش بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈردى**

ئىككى قەۋەتلىك كىچىك بىنادىكى ئۆي پاكىز تازىلانغان، قىزىنىڭ كىتابلىرى ئۈستەلگە رەتلىك تىزىلغان... بۇلارنى كۆرۈپ، 56 ياشلىق فەن يۈڭ بەختلىك تۇرمۇشنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

بەختنىڭ مەنبەسى كۈرەش قىلىشتا. جۇڭگو تۆمۈريول 14 ـ ئىدارىسىگە كىرىپ خىزمەتكە قاتنىشىشتىن بېيجىڭ مېترو 8 ـ لىنىيەسى جەنۇبىي لوگۇگاڭ بېكىتىنى ياساشقا قاتنىشىشقىچە، ئادەتتىكى پولات چىۋىق ئىشچىسى، ياغاچچى، بېتون قۇيۇش ئىشچىسى بولۇشتىن تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلىپ «تايانچلىق رول ئوينايدىغان» قۇرۇلۇش ئەترەت باشلىقى بولۇشقىچە، فەن يۈڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، 13 يىللىق قۇرۇلۇش ئىش ئورنى تۇرمۇشىدا ئاچچىق ـ چۈچۈكمۇ، خۇشاللىقمۇ بار، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئۇنى ئىزچىل ئالغا قاراپ مېڭىشقا تېخىمۇ رىغبەتلەندۈرمەكتە.

2013 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ بېشى، چاغان يېقىنلاشقان چاغ، دەل پۈتۈن ئائىلە بويىچە جەم بولىدىغان ۋاقىت. مېترو 8 ـ لىنىيەسىدە بالدۇرراق قاتناش باشلىنىشى ئۈچۈن، فەن يۈڭ نۇرغۇن ئىشداشلىرىغا ئوخشاش يۇرتىغا قايتىپ چاغان ئۆتكۈزۈشتىن ۋاز كېچىپ، قۇرۇلۇش ئىش ئورنىدا قېلىپ داۋاملىق جاسارەت بىلەن ئىشلەشنى تاللىدى. ئۇنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتنى چۈشەنگەن خوتۇنى بالىسىنى ئېلىپ خېنەن شىنياڭدىن بېيجىڭغا كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى. قۇرۇلۇش ئىش ئورنى تۆر بۆلۈمى ئۇلارغا ئوخشاش سىرتتا جەم بولۇپ چاغان ئۆتكۈزگەن ئائىلىلەرنى يېڭى يوتقان ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچى بار «ئەر ـ خوتۇنلار ئۆيى»گە ئالايىتەن ئورۇنلاشتۇردى. «غەم ـ ئەندىشە»ھەل قىلىنغاندىن كېيىن، فەن يۈڭ ۋە ئىشداشلىرىنىڭ ئىشلەش غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى.

2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، چاغانغا ئىككى كۈن قالغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مېترو 8 ـ لىنىيەسىنىڭ جەنۇبىي لوگۇگاڭ بېكىتى قۇرۇلۇش ئىش ئورنىغا كېلىپ، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرغان بىرىنچى سەپتىكى ئەمگەكچىلەرنى يوقلىدى، ھال سورىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئورگىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئۇقتۇرۇش بېسىپ تارقاتتى

## 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشى كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئورگىنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىنىڭ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلاردىن «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىپ، پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى، ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، قايتا جابدۇنۇپ قايتا سەپەرگە ئاتلىنىپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزدى

## تىرىشىش يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، سىناقتا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شاۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى مەخسۇس تېمىدا ئۆگىنىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزدى

## «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمە يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا ئۆگەندى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئەبلەمجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى

## ئۈزلۈكسىز ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، پۇختا بولۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ئۆگىنىش، ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي　بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئاچتى

# پارتىيە نىزامنامىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى، پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى پۇختا، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك

**چېن چۈەنگو سۆز قىلدى　جىن دېشۈي يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى　شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى**

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىگە ئاساسەن، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسىگە سېلىشتۇرۇپ پەرقلەرنى تېپىش مەخسۇس تېمىلىق يىغىن ئېچىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى چۆرىدەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىگە، پارتىيە قائىدىسىگە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە سېلىشتۇرۇپ، مەسىلىگە توغرا قارايدىغان ئاڭلىقلىق ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىدىغان جاسارەت بىلەن ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچقا خىلاپ مەسىلىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىپ، تۈزىتىش يۆنىلىشى ۋە تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى.

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەركەز 6 ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى جىن دېشۈي ۋە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبلەمجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن قاتناشتى.

يىغىندا، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار پارتىيە نىزامنامىسى، «يېڭى ۋەزىيەتتە پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا ئائىت بىرقانچە مىزان» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىنتىزام جازاسى نىزامى»نى كوللېكتىپ ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىدىكى يولداشلار مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ، ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، پەرق ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تېپىپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. كۆپچىلىك ئۆزىنى تەتبىقلاش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى تەتبىقلاش، خىزمەتنى تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزگە،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)




**8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سائەت 8دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، C8804 «گۈللىنىش ناملىق» پويىز كورلا ۋوگزالىدىن تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچى ۋوگزالىغا قاراپ يولغا چىقتى، پۈتۈن مۇساپىنىڭ يۈرۈش ۋاقتى ئۈچ سائەت 38 مىنۇت. بۇ، شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ «گۈللىنىش ناملىق» پويىز دەۋرىگە كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.**

**□مۇخبىرىمىز تاڭ يۈك فوتوسى**

## باش تېما تەربىيەسىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش

□مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ شىڭرۈي، جاڭ يەنفاڭ

ھازىر، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدا تۇرماقتا، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەزا ئورۇنلار پۇختا ئۆگىنىش ۋە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، مەسىلىگە توغرا قاراش ئاڭلىقلىقى ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش جاسارىتى بىلەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىدە ساقلانغان كەمتۈكلۈك ۋە ئاجىز تۈرلەرنى چۆرىدەپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)